ئابدۇرۇپ پولات

# كۆرخېرىدار



مىللەتلەر نەشرىياتى



ئابدۇرۇپ پولات

# كور خيردا



مللەتلەر نەشرياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

不识货的顾客/阿布都若夫著．－北京：民族出版社，2000．12

ISBN 7－105－04292－3

Ⅰ．不… Ⅱ．阿… Ⅲ．短篇小说－作品集－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．I247．7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2000）第 82824 号

**责任编辑：**乌斯满·毛拉克

**出版发行：**民族出版社　　电　　话：（010）64290862

**社　　址：**北京市和平里北街 14 号　　邮政编码：100013

**印　　刷：**迪鑫印刷厂

**经　　销：**各地新华书店经销

**版　　次：**1989 年 10 月第 1 版　　2001 年 2 月北京第 2 次印刷

**开　　本：**787×1092 毫米　1/32

**印　　张：**7.875

**印　　数：**3001—7000

**定　　价：**9.50 元

مەسئۇل مۇھەررىر: **ئوسمان موللەك**
مەسئۇل كوررېكتور: **خۇدابەردى خېلىل**

# كور خېردار

## ئابدۇروپ پولات

**نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:** مىللەتلەر نەشرىياتى
پوچتا نومۇرى: 100013،
تېلېفون نومۇرى: 010-64290862
**نەشرىياتنىڭ ئادرېسى:** بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ.
**باسقۇچى:** دىشىن باسما زاۋۇتى
**ساتقۇچى:** جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
**نەشرى:** 1989-يىل 10-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
**بېسىلىشى:** 2001-يىل 2-ئايدا بېيجىڭدا 2-قېتىم بېسىلدى.
**ئۆلچىمى:** 1092×787مم 32 كەسلەم
**باسما تاۋىقى:** 7.875
**سانى:** 3001—7000
**باھاسى:** 9.50 يۈەن

# مۇندەرىجە


| | |
|---|---|
| كور خېرىدار | 1 |
| گۈلباغدا | 20 |
| "كۆرەلمەسلىك" | 25 |
| قاۋۇلجان | 43 |
| تۇمۇچۇق | 66 |
| قۇلاق | 84 |
| لامپۇچكا يېقىلغان چاغدا | 109 |
| فۇرات ۋادىسىدا ئۆتكەن كۈنلەر | 147 |
| ئۇنىڭ ناخشىسى | 181 |
| ئاداۋەتلىك دوقمۇشتا | 201 |
| ئۇنىڭ خۇمارى | 222 |
| سالىمنىڭ سىناقتىن ئۆتۈشى | 239 |


此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.cc

# كور خىبردار

ئەقلىمگە كەلسەم، دادام تۇماقچىلىق قىلىدىكەن. داڭلىغان-لىق ئەمەس، دادام ھەقىقەتەن ئۇستا تۇماقچى. ئۇ، تۇرلۇك تېرىلەرنى دەسلەپ ئەندىزە بويىچە پارچە-پارچە قىلىپ كېسىپ تاشلايدۇ، ئاندىن ئۇلارنى بىر-بىرىگە چېتىپ ئاجايىپ ئىسكەت-لىك تۇماقلارنى تىكىدۇ. ھەممىدىن بەكرەك دادامنىڭ كونا جۇۋىسىنىڭ پەشلىرىنى بىر بوياپلا يېپيېڭى تېرىلەرگە ئايلاندۇرۇۋەتكىنىگە قاراپ "ھۈنەر دېگەن قالتىس ئىش ئىكەن جۇمۇ!" دەپ قالىمەن ئىچىمدە.

— سەپەرجان، سەنمۇ ئۆگىنىپ قوي، ئوغلۇم، — دەيدۇ دادام بەزىدە، — ھۈنەر دېگەن ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدۇ.

مەن گەرچە دادامنىڭ "باشقا كۈن چۈشكەندە" دېگەندەك گەپلىرىنى چۈشەنمىسەممۇ، ئۇنىڭ ھۈنىرىگە بولغان ھېرىسمەن-لىكىم مېنى ئۆگىنىشكە ئۈندەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ تۇچ ئۇيماقنى ئوتتۇرا قولۇمغا ئۆتكۈزۈپ، يىڭنىنى دادامنى دوراپ تۇتۇپ، پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ، كۆرسىتىپ بەرگەن چاكلارنى تىكىشكە باشلايمەن.

— هە، بىر ئاز قولۇڭ كېلىپ قالدى. ئۇنداق دېگەن بىلەن خېلى ھوش-كاللىسى جايىدا بالا بولىدۇڭ جۇمۇ! — دەپ قويىدۇ دادام ئىنىكىمنى سىلاپ تۇرۇپ.

مۇنداق چاغلاردا مەن ئىچ-ئىچىمدىن خۇشاللىنىپ، بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك بولۇپ كېتىمەن. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، مەنمۇ تۇماققا ئىچ تىكەلەيدىغان بولۇپ قالدىم.

دادام ماڭا ئاخشام: "مەن بىلەن ئەتە بازارغا بېرىپ، تۇماق سېتىشىپ بەر. تۇماقلارنى سېتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆتۈك بازىرىغا بېرىپ ساڭا ئۆتۈك ئېلىپ بېرىمەن" دېۋىدى، مەن ئالامەت خۇشال بولۇپ كەتتىم. خۇشاللىقىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرىنچىدىن، مەنمۇ ئۆز قولۇم بىلەن تۇماق سېتىپ باقسام ئىكەن، دەپ ئارزۇلاپ يۈرگەن ئىدىم، لېكىن دادام "سەن تېخى كىچىك" دەپ ئۇنىمايلا كەلگەنىدى؛ ئىككىنچىدىن، مېنىڭمۇ ئۆتۈكۈم بولىدىغان بولدى، دۈشەنبە كۈنى ئۇنى كىيىپ مەكتەپكە بارىمەن. ساۋاقداشلىرىم ئەمدى "يالىڭاياق" دېيەلمەيدۇ-دە! ھەر ھالدا، ئۆزەڭنىڭ ئەمگىكى سىڭگەن نەرسىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ باقساڭ قانداق راھەت-ھە؟!

مەن بۈگۈن شۇ خۇشاللىقىمدا دادام بامدات نامىزىدىن كىرىپ بولغىچە ئورنۇمدىن تۇرۇپ تەخ بولۇپ تۇردۇم. دادام كىرگەندىن كېيىن، تەييار بولغان تۇماقلارنى چوڭ يۇلغۇن سېۋەتكە پەم بىلەن تىزدۇق. دادام ھەربىر تۇماقنى سېۋەتكە

تىزىدىغان چاغدا "بىسمىللا!" دېيىشنى ئۇنتۇپ قالمىغاندىن
تاشقىرى ئېمىلەرنىدۇ دەپ پىچىرلايتتى.

چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، بازارغا ماڭماقچى بولدۇق. ئىشىكتىن چىقىش ئالدىدا ئانام دالانغا ئادراسمان بىلەن ئىسرىق سالدى. دادام تۇماق قاچىلانغان سېۋەتنى چاراسلاپ تۇتەپ كۆيۈۋاتقان ئىسرىقدانىنىڭ ئۇستىدىن بىرنىمىلەرنى پىچىرلىغىنىچە بىرنەچچە قېتىم ئايلاندۇرۇپ:

— ماللارنىڭ بازارلىقىنى بەرگەيسەن خۇدايىم! كور خېرىدار بەرگەيسەن پەرۋەردىگارىم! — دېدى-دە، ئاۋايلاپ بوسوغىنىڭ يېنىغىراق قويدى.

"هە، ماللارنىڭ بازارلىقىنى بەرگەيسەن، دېگىنىغۇ مۇشۇ ماللىرىم بۇگۇنكى بازاردىن ئېشىپ قالماي سېتىلسۇن، دېگىنى بولسا كېرەك" دەپ چۈشەندىم ئۆزەمچە. بىراق، "كور خېرىدار بەرگەيسەن" دېگەن گەپنى هېچ ئاڭقىرالمىدىم. تۇماق سېتىش جەريانىدا چۈشەنمەسلىكتىن بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇ-شۇمدىن ئەنسىرەپ، ئالدىن سوراپ بىلىۋالماقچى بولدۇم-دە ئانامنىڭ قېشىغا كەلدىم.

— هە، ئانا، كور خېرىدار دېگەن قانداق بولىدۇ؟

— ئۇزۇن ئېغىزلىق قىلما! — ئانام جاۋاب بېرىپ بولغىچە دادام جەهلى بىلەن ۋاقىرىدى، — مۇشتەك تۇرۇپ يېتىم ئاقساقاللىق قىلىشنى كىم ئۆگەتتى ساڭا!؟

ئەسلىدە، سوئالىمغا جاۋاب بېرەي دەپ ئاغزىنى ئۆمەللەۋات-

قان ئانام، دادامنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ئۇننى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ، بېشىنى يەڭگىل لىڭشىتقىنىچە كۈلۈمسىرەپ قويىدى. مەن ئۇنىڭ خېلىلا ئولتۇرۇشۇپ قالغان، لېكىن تولىمۇ مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرىدىغان كۆزىدىن "دەسلەپ داداڭ بىلەن بازارغا بارغىن ئوغلۇم، بەلكى شۇ يەردە ئۆزەڭمۇ چۈشىنىپ قالىسەن" دېگەنىدەك مەنىنى چۈشەندىم.

× ×

بىز تۇماق بازىرىغا يېتىپ كەلگەن چېغىمىزدا كۈن چىقىپ، تۇمانلار تارقاشقا باشلىغان بولسىمۇ، ھاۋا خېلىلا سوغۇق ئىدى.

— ھە، بەلەن چاغدا كەپتۇق، — دېدى دادام ئەتراپىدا تۇماقچىلىق دۇكانلىرى بار دائىرىسى خېلى كەڭرى بىر مەيدانغا كەلگەندە، مەن دۇكاننى موشۇ يەرگە ئاچىمەن، قارا، بۇ، ھەقىقەتەن، پەيزى بار جاي.

دادام "پەيزى بار جاي" دېگەن يەر بازارنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى ئېگىزرەك بىر دوقمۇش بولۇپ، بۇ يەرگە ئۇدۇلدىكى ۋە يان تەرەپتىكى ئىككى كوچىدىن بازارغا كىرگۈچىلەرنىڭ كۆزى چۈشۈپ تۇراتتى. ئاش ۋاقتى بولا-بولمايلا بازارغا ئادەملەر تىقىلىپ كەتتى. مەن ئۆمرۈمدە مۇنچىۋالا جىق ئادەمنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. بۇ ئادەملەر بىزنىڭ مەكتەپتىكى بالىلارنىڭ نەچچە باراۋېرىگە دېگۈدەك تەڭ كېلەتتى. ئۇلار يەنە تېخى تەرەپ-تەرەپتىن تۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى.

— ئۈچ يېرىم كويغا سېتىۋەر، — دېدى دادام ئىككى دانە

تۇماقنى ئايرىم-ئايرىم ئىككى قولۇمغا كەيدۇرۇپ تۇرۇپ، — مۇشۇ ئەتراپتا مېنىڭ يۈرۈپ ساتساڭ بولىدۇ، يىراققا كېتىپ قالما!

دېمىسمۇ يىراققىراق مېڭىشتىن ئۆزەممۇ قورقتۇم. مۇنچىۋالا جىق ئادەملەر بىر تەرەپكە يۈگەپ ئېلىپ كېتىپ قالسا قانداق قىلىمەن؟ بىراق، قارىسام، ئۇ يەر-بۇ يەردە يېشى مەندىن پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان ئۇششاق باللار "كۆزۈك بولسا تونۇپ ئال، خېرىدارلار! ئېسىل تۇماق!" دەپ توۋلاپ چاقماقتەك يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. ئۇلارنى كۆرۈپ مېنىڭ يۈرۈگۈم توختاپ، خېلى يىراقلارغىچە بېرىشقا جۈرئەت قىلىدىغان بولدۇم. لېكىن، ئەتىگەن دادامنىڭ بۇ تۇماقلارنى سېۋەتكە تىزىۋېتىپ ئېيتقان: "ماۋۇلار بويىما مالدىن تەييار بولغانلىرى" دېگەن گېپى ئېسىمدە بولغانلىقى ئۈچۈن مەن "ئېسىل تۇماق!" دەپ توۋلىمىدىم.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى. بىراق، مەندىن "ماۋۇ تۇماقنى ساتامسەن، ياكى ئالدىڭمۇ؟" دەپ سوراپ قويىدىغان بىرەر ئادەممۇ چىقمىدى. بۇ هال مېنى زېرىكتۈردى. توساتتىن كاللامغا "مەنغۇ مۇنداق يۈرۈمەن، دادام قانداق قىلىۋاتقاندۇ؟" دېگەن ئوي كېلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ باققۇم كەلدى. دادام تۇرغان دوقمۇشقا ئاز قالغاندا، ئالدىم تەرەپتىن ئىككى ئادەم كېلىپ، خۇددى گەپلىشىۋالغاندەكلا ئىككى قولۇمدىكى تۇماقلارنى بىردىن ئېلىپ كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇلار "نەچچە پۇل؟" دەپ

سوردىماستىنلا تۇماقنى بىردەم كۆزىگە يېقىن، بىردەم يىراق قىلىپ تۇرۇپ قارىشاتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ بىرسى ئېگىز بويلۇق، يوغان باش ئادەم بولۇپ، ئالدىمدا غولاسەندەك تۇراتتى. يەنە بىرسى، پاكار بويلۇق، موكا باش، سوزۇق يۈزلۈك ئادەم ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن سەرالقلارمىكىن دېدىم.

— ئۇكام، ماڭا قانداق كەلدى بۇ تۇماق؟ قارىۋەتكىنە، — دېدى ھېلىقى ئېگىز بويلۇق ئادەم.

قارىسام، ئۇ ئادەم خۇددى كىچىك بالىنىڭ تۇمىقىنى كىيىۋالغاندەك بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا:

— سىلىگە كىچىك كەلدى، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن ئىككىلەنمەيلا.

— ماڭىچۇ؟ — سورىدى ھېلىقى پاكار بويلۇق ئادەم.

— سىلىگە چوڭ كەلدى، ئاكا، — دېدىم.

دېمىسىمۇ تۇماق ئۇ ئادەمنىڭ بېشىدا كولدۇرلاپ قالغانىدى.

ھېلىقى ئېگىز ئادەم تۇماقنى بېشىدىن ئېلىپ، خۇددى ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشكە كۆزى قىيمىغاندەك قىلىپ، يەنە كۆزىدىن يىراق تۇتۇپ ھەۋەس بىلەن قاراپ كەتتى، ئاندىن تۇماقنىڭ ئىچىنى ۋە چۆرىسىنىڭ تۈكلىرىنى قولى بىلەن ياندۇرۇپ تۇرۇپ تېرىنىڭ پۈشتىنى تەپسىلىي كۆرۈشكە باشلىدى. بىر ھازادىن كېيىن:

— ئۇكام، بۇ بويىغان تېرە ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ئۇ.

— شۇنداق، بۇ بويىما مالدىن پۈتكەن ئىش، — دەپ جاۋاب بەردىم.

مېنىڭ بۇ جاۋابىمنى ئاڭلىغان ئىككى خېرىدار خۇددى تۆيۈقسىز سېسىق بىرنەرسە پۇراۋالغان ئادەملەرگە ئوخشاش تۇمشۇقلىرىنى ئىتتىك ئۇ يانغا بۇرىشىپ، ماڭا قاراپمۇ قويماستىن تۇماقلارنى قولۇمغا قايتۇرۇپ بەردى-دە، مەن ھازىرلا كەلگەن تەرەپكە قاراپ كېتىپ قېلىشتى.

ئۇلار كېتىپ تۇرۇشىغا، خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئالدىمدا دادام پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ چىرايلىرى تۇتۇل-غان، كۆزىدىن غەزەپ-ئاچچىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— ھۇ، كالۋا! — دەپ كەتتى دادام ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق، قولۇمدىن تۇماقلارنى شارت-شۇرت تارتىپ ئېلىپ.

نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقماي تۇرۇپلا قالدىم، مەندىن نېمە گۇنا ئۆتتى؟ بەلكىم دادامنىڭ "تېخىچە ساتالماپسەن" دەپ ئاچچىقى كېلىۋاتقاندۇ، بوپتۇلا.

— مەيەرگە كەل! — دادام يەنە شۇنداق ئاچچىق بىلەن بۇيرۇق قىلدى.

مەن دادامغا ئەگىشىپ ئۇ دۇكان ئاچقان ھېلىقى دوقمۇشقا كەلدىم.

— بۇ كىشى ھەر يەكشەنبە كۈنى ماڭا تۇماق سېتىشىپ بېرى-دىغان ئادەم بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى دادام بىزنىڭ تۇماق

سىۋىتىمىزنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغان ئۆزى دېمەتلىك بىر ئادەمنى كۆرستىپ، ــ سەن مۇشۇ ئاكاڭغا ھەمراھ بولۇپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر!

دادام شۇ گەپنى قىلدى-دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا قازاندەك قايناۋاتقان بازارنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. مەنمۇ تاپان باستۇرۇپلا كەينىدىن مېڭىپ، ھايال ئۆتمەيلا دادامغا يېتىشىۋالدىم. دادام مېنىڭ ئەگىشىۋالغانلىقىمنى كۆرۈپ كۆزۈمگە تازا بىر ئالىيىپ قويىدى-يۇ، باشقا ئۇشۇق-تۆشۈك گەپ قىلمىدى. قىزىق، دادام ماڭا ئوخشاش توختىماي مېڭىپ يۈرمەي، ئۇ يەر-بۇ يەردە بىردەم-يېرىم دەم تۇرۇۋالىدىكەن. ئۇ، ئالدىدىن ئۆتكەن ھەربىر ئادەمگە ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ، ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ "كەلسىلە مېھمان!" دەپ تۇرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئالاھازەل بىرەر سائەت ۋاقىت ئۆتكەندە، قاياقتىن كەلدى ئۇقماي قالدىم، ھېلىقى ماڭا يولۇققان ئىككى خېرىدار ئىچىدىكى ئېگىز بويلۇق ئادەم دادامنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى. نېمىشقىدۇ ئۇ ئادەمنى كۆرۈپ مېنىڭ يۈرىكىم "گۈپ-گۈپ" قىلىپ سوقۇپ كەتتى. ھېلىقى ئادەم دادامنىڭ قولىدىكى تۇماقتىن بىرنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈشكە باشلىغاندا، دادام "سەن ئەمدى بۇ يەردىن نېرىراق كەت!" دېگەندەك قىلىپ، مېنى بىر قولى بىلەن بىلىندۈرمەي ئۆزىنىڭ ئارقىسىغا يەڭگىل ئىتتىرىۋەتتى، بىراق مەن ئۇنىڭ ئۇزۇن يەكتىكىنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلىۋېلىپ كەتكىلى ئۇنىمىدىم.

— ئۇستام، تۇماقلىرى نەچچە پۇل؟ — سورىدى ھېلىقى ئادەم.

— دەسلەپ مالنى ئوبدانراق كۆرسىلە مېھمان، — دېدى دادام، بېشىمغا كىيىپ باقاي دەپ تۇرغان تۇماقنى خېرىدارنىڭ قولىدىن مۇلايىملىق بىلەن ئېلىۋېلىپ، — كەلسىلە، تۇماقنى سىلىگە ئۆز قولۇم بىلەن كىيگۈزۈپ قوياي.

دادام تۇماقنىڭ ئىچىگە ئىككى قولىنى سېلىپ تۇرۇپ، ئىككى تەرەپكە راسا بىر كېرىۋەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى ئادەمنىڭ بېشىغا "يا، بىسمىللا!" دەپ تۇرۇپ بىر بېسىپلا كىيدۈرۈپ قويدى.

— قاراپ قويسىلا ماۋۇ ئەينەككە، — دېدى دادام يانچۇقىدىن چوتكىلىق ئەينەكنى چىقىرىپ، خېرىدارنىڭ يۈزىگە تەڭلەپ تۇرۇپ، — خۇددى ئۆزلىرىنىڭكىدەكلا كەلدى.

— ئۇستام، سەل چىڭ كېلىپ قالدى.

— چىڭراق كەلگىنى ياخشى، باش ئىسسىق تۇرىدۇ.

— قېنى، باھا قويۇپ بەرسىلە؟

— ئون كوي بەرسىلە.

— ئون كوي دېمەي، ساتىدىغان يەرلىرىنى دېسىلە، ئۇستام.

— ئەمسە، ئاتىغانلىرىنى بەرسىلە.

ھېلىقى ئادەم تۇماقنى بېشىدىن ئېلىپ، چۆرىسىنىڭ تۈك-

لىرىنى قولىنىڭ ئالقىنى بىلەن سىلاپ ياندۇرۇپ تۇرۇپ، تېرىنىڭ پۇشتىنى كۆرمەكچى بولۇۋىدى، دادام خېرىدارنىڭ قولىدىن تۇماقنى چاققانلىق بىلەن ئېلىۋېلىپ:
— سىلى تېرىدىن گۇمان قىلىشىۋاتاملا؟ بىز دېگەن ئۇنداق جا ئىش قىلىدىغان ئادەم ئەمەس دەيمەن! — دېدى.
— توۋت كوي بېرەي ئۇستام، — دېدى ھېلىقى ئادەم بىر دەم تۇرۇپ كېتىپ.
مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال دادام بىلەن خېرىدارنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ كىرىپ، بۇ ئېگىز بويلۇق يوغان باش ئادەمگە ھەيرانلىق بىلەن باشقىدىن سەپسېلىشقا باشلىدىم. ئۇ ئادەم ماڭا ئېتىبارمۇ قىلمىدى. پەقەت چۆرىسىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن يوغان كۆزلىرىنى ئۈمىد بىلەن دادامغا تىككىنىچە قاراپ تۇراتتى.
— كەم بولار، — دېدى دادام سوغۇققىنا كۈلۈپ، — قارىغاندا، سىلى كېچىسى كىيىپ ياتىدىغان تۇماق ئالىدىغان ئوخشايلا. ھېلىقى ئادەم ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا كېتىشكە تەمشەلدى. دەل شۇ چاغدا ئارىلىقتىن باشقا بىر جۈپ قول كېلىپ تۇماقنى ئېلىۋالدى، كەينىدىنلا، مېنىڭ ئۇدۇلۇمدىن ئۇزۇن ساقاللىق، ئوتتۇرا بويلۇق بىر ئادەم دادام بىلەن خېرىدارنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىسىلىپ كىردى. مەن بۇ ئادەمنى تونۇيمەن. ئۇ ھەر يەكشەنبە كۈنى كەچتە دادامغا كونا - يېڭى تېرىلەرنى ئېپكېلىپ بېرىدىغان تېرە پۇرۇچ ئېلاخۇن ئۇستام ئىدى.

— ماڭا قارىسىلا، دېھقان، — دېدى ئېلاخۇن ئۇستام تۇماقنى ھېلىقى خېرىدارنىڭ قولىغا قايتا تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ، — قارىسام، سىلى خېلى كۆزلۈك ئادەمدەك قىلىلا، چىرايلىرىدىن ئىشىنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان، مال تونۇيدىغانلىقلىرى چىقىپ تۇرىدۇ. سىلى مۇشۇ تۇماقتىن يانىماي ئالىسىلا، مەن خالىس بىرنەرسە دەپ قوياي، بەش كوي بەرسىلە!

— ياق كەم بولار، — دېدى دادام جاھىللىق بىلەن، ئېلاخۇن ئۇستامغا سوغاق كۆزى بىلەن قاراپ تۇرۇپ، — سىلى مېنىڭ باياتىن بۇ تۇماقنى بەش كويغا بەرمىگەنلىگىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېسىلە بولامدۇ؟

— بولدى، قويسىلا ئۇستام، چىڭگىزلىك قىلماي، — دېدى ئېلاخۇن ئۇستام دادامنى ئەيىبلىگەن ھالدا، — مەنمۇ سىلىنى تونۇمايمەن. پەقەت ماۋۇ دېھقان ئۈچۈن خالىس گەپ قىلىپ قويۇۋاتىمەن. خېرىدار "قانداق؟" دېگەندەك قىلىپ دادامغا لەپپىدە قاراپ قويدى.

— ئەكەلسىلە، پۇل چىقارسىلا، بولدى مەن ساتتىم، — دېدى ئېلاخۇن ئۇستام خېرىدارغا قولىنى ئۇزىتىپ تۇرۇپ.

دادام تېخى رازى بولمىغان قىياپەتتە، بېشىنى باشقا تەرەپكە بۇراپ، قولىدىكى يەنە بىر تۇماقنى "لىك-لىك" قىلىپ ئاستا چۆگىلىتىپ، ئۇنىڭ چۆرىلىرىنى بارماقلىرىنىڭ كەينى بىلەن يەڭگىل بېسىپ قويغاچ پەرۋاسىز ھالدا تۇراتتى. ھېلىقى ئېگىز بويلۇق ئادەم پۇل چىقارماق بولۇپ قولىنى ئۇزۇن يەكتىكىنىڭ

قويۇن يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، مېنىڭ ئۆزىگە ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ تۇرۇپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ قالدى-دە، يانچۇقىدىن قولىنى چىقىرىۋېلىپ مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دادامدىن سورىدى:

— ئۇستام، بۇ شاكىچىك سىلىنىڭ ئوغۇلمۇ؟

— ھە... — ئە، — دېدى دادام سەل ھودۇققان ھالدا، مېنى ئۆزىنىڭ يېنىغا يېقىن تارتىپ تۇرۇپ.

ھېلىقى ئادەم بىر ماڭا، بىر قولىدىكى تۇماققا قاراپ، نېمىدۇ بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ مەندىن سورىدى:

— ئۇكام، ماۋۇ سىز ئابىيام بويىما مال دېگەن تۇماق شۇمۇ؟

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىلا؟! — دېدى دادام مەن "شۇ!" دەي دەپ ئاغزىمنى ئۇچلاۋاتسام دەرھال ئالدىمغا ئۆتۈپ، — ئۇنى ئاللىقاچان سېتىپ بولدىڭىز-ھە، ئوغلۇم؟

دادام شۇنداق دېدى-يۇ، ھاپىلا-شاپىلا ئالدىمدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئېڭىكىمدىن ئەكىلىتىشكە باشلىدى:

— بۇ ئوغلۇم ناھايىتى ئەقىللىق بالا بولدى. بۇ يىل مەكتەپكە كىردى. بىردەم تۇرۇپ ئۆتۈك ئېلىپ بېرىمەن، ھە ساڭا!

دادام گەرچە ئاغزىدا "ھى، ھى، ھى" قىلىپ كۈلگەندەك قىلسىمۇ، كۆزىدىن خۇددى ئەتىگەن "ئۇزۇن ئېغىزلىق قىلما!" دېگەن چېغىدىكىدەك غەزەپ ئۇچقۇنى چاچراپ تۇراتتى.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.cc